ئۇيغۇرچە، ئىنگلىزچە، تۈركچە، رۇسچە، خىتايچە

# خەۋەرنامە

(ئۇيغۇرچە نۇسخىسى)

« دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » ئىجرائىيە كومىتېتى

ئىنفورماتسىيون ـ تەشۋىقات بۆلۈمى

2001- يىلى، مارت، ئاپرېل


پوچتا ئادرېسىمىز:

Postfach 31 03 12
80103 Munchen - Germany

تېلېفون:

0049/89/54541836

فاكس:

0049/89/54887966

ئىنتېرنېت ـ ئېمائىل:

WWW.uyguryouth.org
uygur@topmail.de

بانكا ھېساب نومۇرى:

Weltkongress der Uygurischen Jugend
Bankhaus Reuschel & Co
Konto No: 1036051
Bank L Z: 7003030

## سەئۇدى ئەرەبىستاندا
## ھەج ۋە مۇجادىلە

بۇ يىل 20 ـ فېۋرالدىن 20 ـ مارت كۈنىگىچە «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى» ئىجرائىيە كومىتېتى رەئىسى ئابلىكىم خوتەن ۋە شۋېتسىيە پايتەختى ستوكھولمدا تۇرۇشلۇق قۇرۇلتاي دائىمىي كومىتېت ئەزاسى ئابدۇ مېجىتلار سەئۇدى ئەرەبىستانغا بېرىپ، ھەج پەرزىنى ئادا ئەيلەش بىلەن بىرگە، ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى رەھبەرلىرى ھەم ئەزالىرىنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشى، شۇنداقلا يېقىندىن ھەمكارلىشىشى بىلەن بىر يۈرۈش مەنىلىك پائالىيەتلەردە بولدى:

1 . ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى ۋەكىللىرى ھەرقايسى ئەللەردىن ھەجگە كېلىش ئىستىگىدە قىيىنچىلىق تارتىۋاتقان ــ ۋىزا ھەل قىلالمايۋاتقان ۋە يول تاپالماي يات ئەللەردە ئاۋارە بولىۋاتقان تالايلىغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ دەردىنى ھەل قىلىش يولىدا سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلىرىغىچە قاتراپ ۋىزا ھەل قىلىپ ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن يار يۆلەكتە بولۇپ، ئالاھىدە زور نەتىجىلەرنى يارىتىش بىلەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ دۇئاسى ھەم چەكسىز تەشەككۈرلىرىگە نائىل بولدى.

2 . سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى قېرىنداشلىرىمىز ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا 3 ـ نۆۋەتلىك «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى»نىڭ روھىنى يەتكۈزدى ھەمدە قۇرۇلتايغا قىلغان ماددىي ۋە مەنىۋىي ياردەملىرى ئۈچۈن تەشەككۈرلەر ئېيتتى ھەمدە قۇرۇلتايدىن كېيىنكى پائالىيەتلەر ھەققىدە دوكلات بەردى.

3 . بىر قىسىم مۇسۇلمان ئەللەردىن ھەج مۇناسىۋىتى بىلەن كەلگەن قېرىنداشلىرىمىز بىلەن ئۇچرىشىپ، ۋەتىنىمىز تەقدىرى، كۈرىشىمىزنىڭ ستراتېگىيىسى ھەققىدە ئالاھىدە سۆھبەت ۋە مۇھاكىمىلەر ئېلىپ بېرىپ، قىممەتلىك تەكلىپ ـ پىكىرلەرنى توپلىدى.

4 . 2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى ئومۇمىي ۋەكىللىرى بىلەن بىر يەرگە جەم بولۇپ، يېڭى پروگرامما ھەققىدە مۇزاكىرىلەردە بولدى.

5 . ياشلار قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى مەككىدە سەئۇدى ئەرەبىستان مۇپتىسى بىلەن ئالاھىدە سۆھبەتتە بولدى.

6 . ياشلار قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى چەتئەللەردە ئوقۇش ئارزۇسىدا بولىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىز ئۈچۈن ئىئانە توپلاش ۋە قۇربانلىق قىلىش، يېتىم ـ يېسىرلارغا سەدىقە بېرىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇردى.

7 . سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى ۋەتەنپەرۋەر

قېرىنداشلىرىمىز ۋە ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى ۋەكىللىرى قۇرۇلتاينى ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتىن قىزغىن قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئىمكانلارنى يارىتىپ بېرىش يولىدا جامى يەتكەن دائىرەدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى.

ئىجرائىيە كومىتېتى رەئىسى ئابلىكىم خوتەن ۋە ئابدۇمېجىتلار بۇ قېتىمقى سەپەردە سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى قوللىغۇچىلىرىمىزنىڭ ھىممىتى بىلەن ياشلار قۇرۇلتىيى قوشۇنىنىڭ زورىيىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ناھايىتى مۇھىم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى ۋە سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قىممەتلىك تەلەپ، تەكلىپلىرىنى ئېلىپ قايتتى.

## ۋېنادا خىتايغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزۈلدى

3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئاۋستىرىيە پايتەختى ۋېنادا تىبەت قوزغىلىڭىنىڭ 42 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن كەڭ كۆلەملىك نامايىش ئۆتكۈزۈلدى. نامايىشقا تىبەت دەۋاسىنىڭ خەلقئارادىكى قوللىغۇچىلىرى، دالاي لامانىڭ مۇرىتلىرى، تىبەتلىكلەر، شەرقىي تۈركىستانلىقلار، ئىچكى موڭغۇل ئازاتلىق تەشكىلاتى ئەزالىرى ۋە خەلقئارادىكى ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرى ۋەكىللىرى بولۇپ 2000 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا ۋەكالەتەن unpo نىڭ باش كاتىۋى ئەركىن ئالىپتېكىن ئەپەندى، «شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى» قارمىقىدىكى «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» ۋە «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى» نىڭ رەھبەرلىرى، ئەزالىرى قاتناشتى.

چۈش سائەت 12 بىلەن نامايىش ئەھلى ۋېنانىڭ مەركىزىي كوچىسى شىۋارىس بېرگ مەيدانىغا يىغىلغان بولۇپ، ساناقسىز بايراق ۋە لوزۇنكا ـ ۋېۋىسكىلار مەيدانىنى تولىمۇ سەلتەنەتلىك تۈسكە كىرگۈزگەن ئىدى. نامايىشتىن بۇرۇن، خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرى، تىبەت، شەرقىي تۈركىستان ۋە ئىچكىي موڭغۇل تەشكىلاتلىرى ۋەكىللىرى خىتاينىڭ مۇستەبىت سىياسەتلىرى ۋە زۇلۇملىرى ئۈستىدىن شىكايەتلەر قىلدى. شەرقىي تۈركىستانغا ۋەكىل بولۇپ ئەركىن ئالىپتېكىن ئەپەندى تەسىرلىك نۇتۇق سۆزلىدى. ئۇ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىنسانىي ھەق ـ ھوقۇقلىرىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە قىلىنىش ئەھۋالىنى ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق شەرھلەپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دەرت ـ ئەلەملىرىنىڭ ھەرگىزمۇ تىبەتلەرنىڭكىدىن يېنىك ئەمەسلىكىنى، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ تىبەتكە كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن بىرگە، شەرقىي تۈركىستانغىمۇ جىددىي كۆڭۈل

بولۇپ، خىتاينىڭ شەپقەتسىز زۇلۇملىرىغا خاتىمە بېرىشكە تۈرتكە بولۇش مەجبۇرىيىتىدىن ئۆزىنى قاچۇرماسلىقى كېرەكلىكىنى كەسكىن ئەسكەرتىپ، يىغىن ئەھلىنى چەكسىز ھاياجانغا چۆمدۈردى ۋە قىزغىن ئالقىشقا مۇيەسسەر بولدى.

ۋەكىللەرنىڭ نۇتقى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، نامايىشچىلار شىۋارس بېرگ مەيدانىدىن ئۇزۇن سەپ تارتىپ يولغا چىقتى. ھەيۋەتلىك قوشۇن ۋىنانىڭ ئاساسلىق كوچىلىرىدا ۋە خىتاي ئەلچىخانىسى ئالدىدا «تىبەتكە ئەركىنلىك!»، «خىتايلار چىقىپ كەتسۇن!» دېگەندەك شوئارلارنى توۋلاپ، ۋىنانى زىلزىلىگە سالدى. نامايىش سائەت 16 گىچە داۋام قىلدى. ۋىنادىكى ھەرقايسى تېلېۋىزىيە قاناللىرى ۋە گېزىت ـ ژورنال، ئاخپارات ساھەسى جىددىي خەۋەر سۈپىتىدە بۇ قېتىمقى نامايىش جەريانىنى پۈتۈن دۇنياغا كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلدى.

## ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ بېرىيۇسسىلدىكى شۆبىسى يىغىن چاقىردى

3 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى بېلگىيىدىكى ياشلار قۇرۇلتىيى شۆبىسىنىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن، «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى» رەئىسى دولقۇن ئەيسا باشچىلىقىدىكى بىر گۇرۇپپا ھەيئەت پايتەخت بېرىيۇسسىلغا بېرىپ، بېلگىيە ئۇيغۇرلىرىنىڭ يىغىنىغا قاتناشتى. يىغىنغا پايتەخت بېرىيۇسسىل ۋە ئانتۋېرپىندا ياشاۋاتقان بىر بۆلۈك ئۇيغۇرلار ئىشتىراك ئەتتى.

رەئىس دولقۇن ئەيسا يىغىن ئەھلىگە ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تەقەززا قىلغان ئامىللار ۋە قۇرۇلتاينىڭ قۇرۇلۇش تارىخى، قۇرۇلما شەكلى، ئەزا تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەھۋالى، نۆۋەتتىكى خىزمەت ئۇسۇلى ھەم خىزمەت كۆنتەرتىۋى، ئېلىپ بارغان ۋە ئېلىپ بارىدىغان پائالىيەتلىرى قاتارلىق ساھەلەردە ئەترابلىق مەلۇمات بەردى ھەمدە ۋەتەنپەرۋەرلىك، پىداكارلىق جەھەتتە كۈتىدىغان ئۈمىدلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتى. ئەزالار ياشلار قۇرۇلتىيى ھەققىدە بىلمىگەن تەرەپلىرىنى رەئىس دولقۇن ئەيسادىن سوراپ قانائەتلىنەرلىك جاۋاپقا ئېرىشكەندىن كېيىن، تولىمۇ ئەپسۇسلانغان ھالدا: يېقىندا بەزى تەشكىلات رەھبەرلىرى كېلىپ، ياشلار قۇرۇلتىيى بىلەن ئەركىن ئالپتېكىن ئەپەندىنى يامانلاپ، بېلگىيە ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا بۆلۈنۈش پەيدا قىلىپ قويدى. ھازىر ياشلار قۇرۇلتىيى تەرەپدارى بىلەن باشقا تەرەپدارلار ئارىسىدا بىرلىك يوق. بۇ ھال بىزنى تولىمۇ بىئارام قىلدۇ... ، بىز سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى زامانىدا ئۆزىمىزنى ئۇيغۇر ئاتاشتىن قورۇناتتۇق، ھازىر بولسا بۇ سۆيۈملۈك نامدىن پەخىرلىنىشنى ئۆگەندۇق، بىز تېخى ئەمدى ۋەتەن قەدرىنى، مىللەت شەرىپىنى تونۇۋاتقان، پەرزەنتلىرىمىزنى ئۆز ئانا تىلىمىزدا

تەربىيلەپ، مۇستەقىللىق ئۈچۈن بىر ئۆلۈش تۆھپە قوشۇدىغان يارامىلىق ئەزىمەتلەردىن قىلىش ئۈچۈن بىر ئارىغا جەم بولغان بىر زاماندا، بەزىلەر بۇ بىرلىكنى بۇزۇپ قويىدى، كىمگە ئىشىنىشنى ۋە كىمگە ئەگىشىشنى بىلەلمىدۇق... دېيىشتى. رەئىس دولقۇن ئەيسا بۇ ھەقتىكى ئومۇمىي ئەھۋاللارنى بىلگەندىن كېيىن مۇنداق دېدى: «شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى تولىمۇ بۈيۈك بىردەۋا، بۇ دەۋانىڭ ھۆددىسىدىن يالغۇز ياشلار قۇرۇلتىيى ياكى باشقا بىر تەشكىلات چىقىپ بولالمايدۇ. ھەممە تەشكىلات ۋە ھەربىر ئۇيغۇر تىنىمسىز كۈرەش قىلغاندىلا نەتىجىدىن ئۈمىد تۇغۇلىدۇ. بۇ دەۋانى ھېچكىم مونوپول قىلىۋالالمايدۇ، ھېچكىم ھېچكىمنى يامانلاش ئارقىلىق ياخشى بولالمايدۇ، مېنىڭچە مەيلى ياشلار قۇرۇلتىيى بولسۇن ياكى باشقا تەشكىلات بولسۇن، ھەممىسى ۋەتەن ئۈچۈن چامى يەتكەن دائىرىدە كۈرەش قىلىۋاتىدۇ، كۈرەش مۇساپىسىدە پىتنە ـ پاسات ۋە بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ ـــ ئىنقىلاپ، ئىنقىلاپ بولغان ئىكەن، دۈشمەن بىلەن كۈرەش قىلغاندىن سىرت، ئۆزارا زىددىيەتلەردىنمۇ خالىي بولۇش تەس، كىمگە ئەگىشىش ۋە كىمگە ئىشىنىشنى كىمنىڭ ئەگىشىشكە ۋە ئىشىنىشكە لايىقلىقىغا قاراپ بەلگىلەش كېرەك، بىز بېلگىيىدىكى بارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ، ۋەتەن ئىستىقلالىيىتى يولىدا بىر ئۆلۈش ھەسسە قوشۇشىغا تىلەكداشمىز، بىزنىڭ چېگرا ئايرىيدىغان، زىددىيەتلىشىدىغان دۈشمىنىمىز خىتاي مۇستەبىتلىرىدىنلا ئىبارەت. باشقا دۈشمەنگە مۇھتاج ئەمەسمىز!».

ياشلار قۇرۇلتىيى بېلگىيە شۆبىسىنىڭ رەئىسى سەيدۇللام ئەپەندى بېلگىيىدىكى ئۇيغۇرلار ئەھۋالىنى ۋە تەشكىلاتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى تەپسىلى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، مۇمكىن قەدەر قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئومۇمىي يىغىن چاقىرىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن 600 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر قېرىنداشلارنى بىر بايراق ئاستىغا جەم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

بۇ يىل 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى بېلگىيە ئۇيغۇرلىرى ياۋرۇپا پارلامېنتى ۋە خىتاي ئەلچىخانىسى ئالدىدا «غۇلجا ۋەقەسى»نىڭ تۆت يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن كەڭ كۆلەملىك نامايىش ئۆتكۈزۈپ، ئاي. يۇلتۇزلۇق كۆك بايراقنى بېلگىيە ئاسمىنىدا ئىككىنچى قېتىم لەپىلدەتكەن!

ياشلار قۇرۇلتىيى بېلگىيە شۆبىسىنىڭ كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان يەنە بىر خىزمىتى شۇكى، بىر ئايدىن بۇيان، ئۇلار ئۇيغۇر تىلى ۋە دىنىي دەرىس كۇرسلىرىنى يولغا قويۇپ، 70 يىلدىن بۇيان يوقۇتۇپ قويغان ئەقىدە ھەم ئانا تىلىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشماقتا.

# ياشلار قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى كۆلىندىكى « ئەسىر تۈركلەر مۇھاكىمە يىغىنى » دا

1 ـ ئاپرېل، گېرمانىيىنىڭ كۆلىن شەھرىدە« تۈرك فېدراتسىيۇنى » تەرىپىدىن « ئەسىر تۈركلەر مۇھاكىمە يىغىنى » چاقىرىلدى. يىغىنغا شەرق ۋە غەربتە مۇستەملىكە ئاستىدا ياشاۋاتقان تۈركىي مىللەتلەرنىڭ بىرقىسىم ۋەكىللىرى قاتارىدا، شەرقىي تۈركىستانغا ۋەكالەتەن « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » رەئىسى دولقۇن ئەيسا باشچىلىقىدىكى بىر گۇرۇپپا ۋەكىل قاتناشتى.

پۈتۈن دۇنيا تۈركلىرىنىڭ غېمىنى يەۋاتقان ، پانتۈركىسىزىمنى شۇئار قىلغان، تۈرك مىللەتچىلىرىنىڭ ياۋروپادىكى غوللۇق تەشكىلاتى بولغان «تۈرك فېدراتسىيۇنى» بۇ قېتىمقى يىغىنغا ئالاھىدە تەييارلىق قىلغان ئىدى. رەئىس سەھنىسىگە قادالغان ھۆر ۋە مۇستەملىكە ئاستىدىكى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ بايرىغى ئارىسىدا كۆزگە رۆشەن ئاشلىنىپ تۇرغان ئاي ـ يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق ئالاھىدە دىققەتنى تارتاتتى. سەھنىدىكى ئۇنىغا يېقىن ۋەكىللەر قاتارىدا ياشلار قۇرۇلتىيىمىز رەئىسى دولقۇن ئەيسامۇ ئورۇن ئالغان ئىدى. 400 دىن ئارتۇق ۋەكىل ئىشتىراك ئەتكەن بۇ قېتىمقى مۇھاكىمە يىغىنىدا، تۈركىيە، گېرمانىيە، گېرتسىيە، ئەنگلىيە، قىرىم ۋە ئىراق قاتارلىق ئەللەردىن كەلگەن ئىلىم ئەھلىلىرى، تەشكىلات رەھبەرلىرى ھەم بۈيۈك تۈركچىلىك ئىدىيىسىنىڭ ئاساسىي ۋەكىللىرى كۈچلۈك مىللەتچىلىك روھى بىلەن، ئەسىر ھالەتتە تۇرىۋاتقان تۈركىي خەلقلەرنىڭ تارتىۋاتقان زۇلۇملىرى ۋە ئۇلارنى نىجاتلىقىقا ئېرىشتۈرۈشنىڭ تەخىرسىزلىقى ھەققىدە تەسىرلىك بايانلاردا بولدى. دولقۇن ئەيسا سۆز نۆۋىتىدە « شەرقىي تۈركىستانىنىڭ تۈرك دۇنياسىدىكى ئورنى ۋە رولى » دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى، ئۇ سۆزىدە خەلقىمىزنىڭ تارتىۋاتقان زۇلۇملىرىنى ئېچىنارلىق ھالدا بايان قىلغاندىن كېيىن، بىر قىسىم تۈركىي ئەللەرنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇرلارغا قىلىۋاتقان ۋاپاسىزلىقى ۋە تۈركىيەنىڭ خىيانىتىنى قاتتىق ئەيىپلەپ، بەزى كىشىلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان بولسا، يەنە بەزى كىشلەرنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغاپ قويدى....

بۇ قېتىمقى يىغىن بىز ئۈچۈن مۇۋەپپىقىيەتلىك ئاخىرلاشتى ـــ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۈرك دۇنياسىغا بولغان نارازىلىقى ۋە نەپرىتى ياشلار قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسانىڭ تىلى ئارقىلىق پۈتۈن دۇنياغا جاكالاندى، ئۈمىدسىزلىك ۋە يېتىملىك تەقدىرىگە مەھكۇم بولغان مىللەتنىڭ زارى پۈتۈن تۈرك ئالىمىنى لەرزىگە سالدى...

## جەنۋەدە خىتايغا قارشى پائالىيەتلەر

بۇ يىل 4 ـ ئايدا جەنۋەدە چاقىرىلغان ب د ت يۇقىرى كومىسسارلىقىنىڭ 57 ـ قېتىملىق ئىنسان هەقلىرى يىغىنىغا 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن 20 ـ كۈنىگىچە « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » نىڭ گېرمانىيە ۋە شىۋىتسارىيىدىكى ۋەكىللىرىدىن بولۇپ 15 نەپەر كىشى قۇرۇلتاي رەئىسى دولقۇن ئەيسا ۋە ئىجرائىيە كومىتېتى رەئىسى ئابلىكىم خوتەنلەر رىياسەتچىلىكىدە قاتنىشىپ، خىتاي مۇستەبىتلىرىگە قارشى بىر قاتار پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى:

1 . ياشلار قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئامېرىكا، گېرمانىيە، تۈركىيە، ئىران، كۇۋەيت قاتارلىق بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم كۆرۈشۈپ، قۇرۇلتىيىمىز تەرىپىدىن ئالدىن تەييارلانغان شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان هەقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشىغا ئائىت 80 بەتلىك ماتېرىيالنى هەرقايسى ئەللەر ۋەكىللىرىگە سۇندى، شۇنداقلا ئامېرىكا ۋەكىللەر گورۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى بىلەن ئالاهىدە ئۇچرىشىپ، بۇ قېتىمقى يىغىندا ئامېرىكا هۆكۈمىتىنىڭ خىتاينى جازالاش لايىهەسىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىغا رەهمەت ئېيتتى ۋە قەتئىي قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

2 . ياشلار قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى يىغىنغا كۆزەتكۈچى سۈپىتىدە قاتناشقان هەرقايسى خەلقئارالىق تەشكىلاتلار ۋە ئىنسان هەقلىرى تەشكىلاتلىرى ۋەكىللىرى بىلەن مەخسۇس كۆرۈشۈپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىدىن مەلۇمات بەردى ھەمدە شەرقىي تۈركىستانغا تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى.

3 . ياشلار قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى يىغىن جەريانىدا شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇرلار تېما قىلىنغان 500 پارچىدىن ئارتۇق تەشۋىقات ۋەرەقچىسى تارقاتتى. تىبەتنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى، شىۋىتسارىيە ۋە ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق پەۋقۇلئاددە ۋەكىللىرىدىن لودى گېرى قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشۈپ، شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەت دەۋاسىنى كۈچلەندۈرۈشنىڭ يوللىرى هەققىدە مۇزاكىرىلەر ئېلىپ باردى.

4 . ياشلار قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ب د ت بىناسى ئالدىدا تىبەتلىكلەر، ئىچكى موڭغۇللىيىلىكلەر ۋە فالۇنگۇڭ ئەزالىرى بىلەن بىرگە نامايىش ئۆتكۈزۈپ، خەلقئارا جامائەتچىلىككە خىتاينىڭ ئىنسان هەقلىرىنى دەپسەندە قىلىشتىكى رەزىللىكلىرى ئۈستىدىن قاتتىق شىكايەت قىلدى.

5 . ياشلار قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى قايتىش سەپىرىدە شىۋىتسارىيىنىڭ هەرقايسى جايلىرىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ياشلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، شىۋىتسارىيىدە شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى كۈچلەندۈرۈش مەسىلىسى هەققىدە سۆهبەت ئۆتكۈزدى.

بۇ قېتىمقى يىغىندا كۆپلىگەن مۇسۇلمان دۆلەتلەرنىڭ خىتاي تەرەپتە تۇرۇشى بىلەن

خىتاينى جازالاش لايىھىسى تەستىقلانمىغان بولسىمۇ، ياشلار قۇرۇلتىيى ئۇيغۇرنىڭ دەردى ۋە ئاۋازىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە يەنە بىر قېتىم لايىقىدا ئاڭلىتىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى.

## فىرانسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ 18 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا

27 ـ ئاپرېلدىن 1 ـ مايغىچە فىرانسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ 18 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى پارىژدا غەلىبىلىك ئېچىلدى. 80 مىڭ ئادەم ئىشتىراك ئەتكەن بۇ قۇرۇلتايغا ئىسلام دۇنياسىدىكى ئاتاغلىق ئالىملار، مەشھۇر دىنىي زاتلار، ھەرقايسى ئەللەردىكى ئىسلام تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى، فىرانسىيەدە تۇرۇشلۇق ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ئەلچىلىرى، فىرانسىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى ۋە پارلامېنت ئەزالىرى قاتناشقان بولۇپ، شەرقىي تۈركىستانغا ۋەكالىتەن «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى» رەئىسى دولقۇن ئەيسا باشچىلىقىدىكى ئۈچ كىشىلىك بىر ھەيئەت شەرەپ مېھمىنى سۈپىتىدە ئىشتىراك ئەتتى. يىغىندا 1998 ـ يىلى ئىسلام دىنى فىرانسىيىنىڭ دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتىلگەندىن كېيىنكى دىنىي تەرەققىيات ۋە دىنىي مەسىلىلەر كەڭ دائىرىدە مۇھاكىمە ـ مۇنازىرە قىلىندى. ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن ئالىملار فىرانسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ كېلەچىكى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدە تولىمۇ قىممەتلىك پىكىر ۋە قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ياشلار قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى ئالاھىدە زور ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋالغان ساھىپخان گورۇھ ــ «فىرانسىيە ئىسلام تەشكىلاتلىرى بىرلىكى» رەئىسى ئىبرىز ئەپەندى شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىغا چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىنى ئىزھار ئەيلەپ: «ئۇيغۇرلار بىلەن پەلەستىنلىكلەر مەسىلىسى بۈيۈك مەسىلە، بولۇپمۇ سىلەر پەۋقۇلاددە ئەھۋالدا. قائىدە بويىچە سۆز نۆۋىتىگە ئىگە ھەر بىر ۋەكىلنىڭ 15 مىنۇت سۆزلەش ھوقۇقى بار ئىدى. ئەمما بۇ ۋاقىت سىلەرگە يەتمەيدۇ. سىلەر 30 مىنۇت سۆزلەيسىلەر، بولسا تېخىمۇ ئۇزۇن سۆزلىسەڭلار بولاتتى، ئىمكانىمىز يوق. كېيىنچە تەپسىلىي پىكىر بايان قىلىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىشكە تىرىشىمىز....» دېدى.

ياشلار قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتناشقان 80 مىڭ ۋەكىلگە ۋە پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا ئېنگلىز تىلىدا 30 مىليون مۇسۇلمان ئۇيغۇرنىڭ يۈرەك سالىمى ۋە ئۈمىدىنى يەتكۈزدى، شۇ قەدەر مۇھىم ھەم چوڭ يىغىنغا ئۇيغۇر ۋەكىللىرىنى ئېسىدىن چىقارماي ئالاھىدە تەكلىپ قىلغىنىغا رەھمەت ئېيتتى. ئارقىدىنلا ياشلار قۇرۇلتىيى ئەزاسى مەسئۇم ئەپەندى قۇرۇلتىيىمىز تەرىپىدىن ئەرەپچە تەييارلاپ بارغان «شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى ۋە خىتاي زۇلمى» ناملىق

ماتېرىيالنى ئوقۇدى، نەق ۋاقتىدا فىرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلىندى. پۈتۈن زال گۈلداراس ئالقىش ساداسىغا تولدى. ۋەكىللەر ئۇزۇنغىچە چاۋاكلىرىنى توختاتماي، ئاسارەت ئاستىدا ئېغىر خورلۇقلارنى تارتىۋاتقان بەختسىز ئۇيغۇرغا بولغان چەكسىز ھېسداشلىقىنى ئىپادىلىدى. ئۇيغۇر ۋەكىللىرى سەھنىدىن چۈشكەن ھامان ، تالايلىغان تەشكىلاتلار رەھبەرلىرى، دىنىي ئۇستازلار ئالاھىدە كۆرۈشكىلى كېلىپ، «شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى ئەسلا يالغۇز ئەمەس، ئاللاھ سىلەر بىلەن بىللە، بىز سىلەر بىلەن بىللە، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى سىلەر بىلەن بىللە....» دەپ تەسەللىلەر بېرىشتى. ئالقىش سادالىرى ئىچىدە ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ ئادرېسى، تېلېفون - فاكس نومۇرى ۋە ئېمائىل ئادرېسى مەيداندىكى ئۈچ چوڭ تېلېۋىزور ئېكرانى ئارقىلىق ۋەكىللەرگە كۆرسىتىلدى.

يىغىن جەريانىدا فىرانسىيە ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى ئا. بىللون ئەپەندى ياشلار قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى ئايرىم قوبۇل قىلدى. رەئىس دولقۇن ئەيسا ختاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى تاجاۋۇزچىلىقى ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى، شەرقىي تۈركىستانىنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىدىن مەلۇمات بەردى ۋە ئۇنىڭغا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرىگە دائىر مەزمۇنلار يەر ئالغان 80 بەتلىك ماتېرىيال تەقدىم قىلدى. ئا. بىللون ئەپەندى ئۇيغۇرلار مەسىلىسى ھەققىدە بەلگىلىك مەلۇماتقا ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇر ۋە تىبەتلىكلەرنىڭ تەقدىرىگە قايغۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى...

«فىرانسىيە ئىسلام تەشكىلاتلىرى بىرلىكى» رەئىسى ئۇستاز ئىبرېس ئەپەندى ياشلار قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئىسلام تەشكىلاتلىرى رەھبەرلىرى بىلەن بىر بىرلەپ تونۇشتۇردى. ھەركىم ياشلار قۇرۇلتىيى پائالىيەتلىرىنى قوللايدىغانلىقىنى، ئۆزارا ھەمكارلىششقا تەييار ئىكەنلىكىنى، يېقىن ئالاقىدا بولۇشنى خالايدىغانلىقلىرىنى بىلدۈردى .

ياشلار قۇرۇلتىيى رەئىسى دولقۇن ئەيسا ئىبرېس ئەپەندىگە شەرقىي تۈركىستان بايرىقىنى تەقدىم قىلدى ۋە خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

## ياشلار قۇرۇلتىيى قىرغىزىستان ھۆكۈمىتىگە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى

3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قىرغىزىستان ھۆكۈمىتى ئوش ئوبلاستىدا تۆت نەپەر قېرىندىشىمىزغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكمى ئېلان قىلغانلىق خەۋىرىنى 13 - كۈنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قۇرۇلتىيىمىز مەسىلىگە ئەستايىدىل قاراپ، دەرھال ھەرقايسى ئەللەردىكى تەشكىلات ئەزالىرىمىز ۋە ئامېرىكا، كانادا، گېرمانىيە، ئەنگلىيە، فىرانسىيە، گوللاندىيە،

بىلگىيە، شىۋېتسارىيە، شىۋېتسىيە، ئاۋىستىرىيە قاتارلىق ئەللەردىكى خەلقئارالىق ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرى، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ۋە ئۇنىڭ شۆبىلىرى بولۇپ 60 تىن ئارتۇق تەشكىلاتقا تېلېفون ۋە فاكىس ئارقىلىق جىددىي مۇراجىئەتنامە ھەم نارازىلىق باياناتى يوللاپ، خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ دىققىتىنى ئارقىلىق قىرغىزىستان ھۆكۈمىتىنى جازانى بىكار قىلىشقا قىستاش يولىدا بەلگىلىك تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. قۇرۇلتىيىمىزنىڭ تەييارلىقى پۈتكەن بىرلىندا كەڭ كۆلەملىك نامايىش ئۇيۇشتۇرۇش پىلانى قىرغىزىستاننىڭ گېرمانىيىدىكى باش ئەلچىخانىسىنىڭ مۇرەسسە قىلىشى بىلەن ئەمەلدىن قالغان بولسىمۇ، 20 ـ مارت قۇرۇلتىيىمىزنىڭ 10 نەپەر ۋەكىلى بېرلىنغا بېرىپ، قىرغىزىستاننىڭ مۇئاۋىن باش ئەلچىسى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇيغۇر خەلقى نامىدىن قىرغىزىستان ھۆكۈمىتىگە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى. مۇئاۋىن باش ئەلچى بۇ جازانى ئىجرا قىلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، ئەڭ زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، جازانى ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئىجابىي جاۋاپ بېرىشكە ۋەدە بەردى. ياشلار قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئۆز پىكىر، تەلەپلىرىنى كەسكىن ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، قۇرۇلتاي نامىدىن قىرغىزىستان پىرېزىدېنتى ئەسقەر ئاقايېۋغا يوللىغان خەتنى تاپشۇردى.

ياشلار قۇرۇلتىيى يەنە ئەسقەر ئاقايېۋغا ۋە بەزى دۆلەتلەرگە بىۋاسىتە خەت يوللىدى. بۇ دەۋا ھېلىمۇ داۋام ئەتمەكتە.

## ياشلار قۇرۇلتىيى 10 نەپەر «سىياسىي قاچقۇن» مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلمەكتە

3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ۋەتەندىن قېچىپ چىقىپ، تىبەت ئارقىلىق ھىمالايا تاغلىرىدىن پىيادە ھالقىپ ئۆتكەن ئون نەپەر ئۇيغۇردىن تۆت نەپىرىنىڭ مەلۇم بىر دۆلەتتىكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ۋەكالەتخانىسىدىن سىياسىي پاناھلىق تىلىگەنلىكى ۋە ئالتە نەپىرىنىڭ بەختكە قارشى تىزىلىپ قېلىپ، مەزكۇر دۆلەتنىڭ ساقچى دائىرىلىرى تەرىپىدىن تۈرمىگە قامالغانلىقى ھەم تۈرمىدىكى ئۈچ نەپەر قېرىندىشىمىزنىڭ ئېغىر ئاغرىپ قالغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، ياشلار قۇرۇلتىيى رەھبەرلىك ئورگىنى دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، ھېچقانداق ئىقتىسادىي ياردەمگە ئىگە بولالمىغان بۇ قېرىنداشلىرىمىز ئۈچۈن 2100 مارك پۇل يىغىپ ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ قېيىنچىلىقىنى ۋاقتىنچە بولسىمۇ تۈگۈتۈشكە تىرىشتى ھەمدە تۈرمىدىكى ئالتە كىشىنى قۇتقۇزۇشنىڭ يوللىرىنى ئىزدەش، ھەقىقىي ئەھۋالدىن تەپسىلىي خەۋەردار بولۇش مەقسىتىدە ياشلار قۇرۇلتىيى

مۇھاجىرلار . ئوقۇغۇچىلار بۆلۈمى » نىڭ مەسئۇلىنى ئۇ دۆلەتكە ئەۋەتتى، شۇنداقلا تۈرمىدىكىلەرنى ئازات قىلىش، ئۇلارنىڭ سىياسىي پانالىق تەلىپىنى قوبۇل كۆرۈش مەزمۇنىدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە مەزكۇر دۆلەتتىكى تۈركىيە ئەلچىسخانىسىغا مەكتۇپ يوللىدى.

بۇ ساھەدىكى ئېرىشچانلىقلىرىمىز ھېلىمۇ داۋام ئەتمەكتە.

## « مىيونخېن تۈرك ئوچاغى » يىغىلىشىدا

4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى مىيونخېندىكى تۈرك مىللەتچىلىرى تەشكىلاتى « مىيونخېن تۈرك ئوچاغى » نىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن، تۈرك دۇنياسىنىڭ بايرىقى، تۈركىيە مىللەتچى ھەرىكەت پارتىيىسىنىڭ سابىق رەئىسى مەرھۇم ئالىپ ئارسلان تۈركەش ۋاپاتىنىڭ تۆت يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. ئۇيغۇرلارغا ۋەكالىتەن « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » رەئىسى دولقۇن ئەيسا باشچىلىقىدا بىر گورۇپپا ھەيئەت قاتناشتى.

رەئىس دولقۇن ئەيسا « تۈركەش ۋە شەرقىي تۈركىستان » دېگەن تېمىدا دوكلات بېرىپ، قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى.

تۈركچىلىك پىكىر ئېقىمىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى بولغان مەرھۇم تۈركەش ئەپەندى « پۈتۈن دۇنيا تۈركلىرىنىڭ باش بوغى » دېگەن شەرەپلىك نامغا ئىگە بولۇپ، ئۇ تۈركىي مىللەتلەر مەسىلىسى ئۈچۈن كۆپ باش قاتۇرغان ھەم ئەجىر سىڭدۈرگەن ئېرىقچى ئادەم ئىدى. مەرھۇم ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن ھايات چاغلىرىدا ئۇ، تۈركىيە ۋە تۈركلەر مەسىلىسىدە ھەرئان ئەيسا ئەپەندىنىڭ مەسلىھەتىگە مۇھتاج بولغان ۋە كۆڭۈل بۆلگەن ئىدى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر دەۋاسىنىڭ تۈركىيىدە تونۇلۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن زور ھەسسە قوشقان ئىدى. ھېلىغىچە ئۇنى ياخشى چۈشىنىدىغان بىر بۆلۈك ئۇيغۇرلار ۋە تۈركلەر: « ئەگەر تۈركەش ھايات بولغىنىدا ئىدى، تۈركىيە ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر دەۋاسىنى چەكلىيەلمىگەن ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ قاتىلى، جاللات جاڭزېمىنغا مىدال تەقدىم قىلالمىغان بولاتتى... » دېيىشىدۇ.

ئالىپ ئارسلان تۈركەش 1998 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ نامىزىغا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن بولۇپ بىر مىليوندىن ئارتۇق ئادەم قاتناشقان. جىنازا نامىزى ۋە مېيىت ئۇزىتىش مۇراسىمىغا « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » غا ۋەكالىتەن سابىق رەئىس ئۆمەر قانات ۋە رەئىس دولقۇن ئەيسا قاتارلىقلار قاتناشقان.